# ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى تاپشۇرۇش تۆپ سانىنى تەڭشىدى

مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز كارخانا ۋە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى تاپشۇرۇش تۆپ سانىنى تەڭشىگەن، بۇ ئەسلىدىكى 5032 يۈەندىن 5392 يۈەنگە تەڭشىلىپ، بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانى شۇ كىشىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى بويىچە بېكىتىلىدىكەن. 2018 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن باشقا ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشىنىڭ ۋەزنىلىك ھېسابلىغان تولۇق ئۆلچەملىك شەھەر - بازارلاردىكى ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 64 مىڭ 705 يۈەن (ئايدا 5392 يۈەن) بولغان. شۇڭا، 2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا ۋە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى بىرتۇتاش ئۆلچەم بويىچە بېكىتىلگەن ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانى 5392 يۈەن بولغان.

ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مائاش قانچە يۇقىرى بولسا، ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانى شۇنچە يۇقىرى بولىدىكەن. لېكىن ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانى بىلەن بىللە يەنە يۇقىرى - تۆۋەن چەك بەلگىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشنىڭ 60% (يەنى 3235 يۈەن)دىن تۆۋەن بولغانلىرىدا 3235 يۈەن ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سان قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشنىڭ 300% (16 مىڭ 176 يۈەن)دىن يۇقىرى بولغانلىرىدا، 16 مىڭ 176 يۈەن ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سان قىلىنىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشسا، ئاپتونوم رايوننىڭ تولۇق ئۆلچەملىك شەھەر - بازارلاردىكى ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشىنىڭ 60%دىن 300%ى ئارىلىقىدا مۇۋاپىق ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانى بويىچە ھەق تاپشۇرۇشنى تاللىسا بولىدۇ. كىرىمى تۆۋەن خادىملار تۆۋەن تۆپ سان بويىچە ھەق تاپشۇرۇشنى تاللاپ، ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلەتسە بولىدۇ، كىرىمى بىرقەدەر يۇقىرى خادىملار بىرقەدەر يۇقىرى ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانىنى تاللاپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى كۆتۈنۈش پۇلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرسە بولىدۇ، بۇنىڭدا «كۆپ تاپشۇرغانلار كۆپ ئېلىش» گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان خادىملار بۇ ھەق تاپشۇرۇش تۆپ سانىنى تەڭشەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، يەنىلا ئەسلىدىكى ئۆلچەم ۋە يىل بويىچە ھەق تاپشۇرىدۇ. سۇغۇرتىغا قاتناشقان تۈرلۈك ئورۇنلار سۇغۇرتىغا قاتناشقان جايدىكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجىرىش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش تۆپ سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ھەم 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان كۆتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا

**ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە ئورۇن تەرتىپىنىڭ 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلان قىلىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە**

مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 2019 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، توردا ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش نۇقتىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرغان، 21 پەن گۇرۇپپىسى ۋە تېخنىكا كاپالەت گۇرۇپپىسى، باشقۇرۇش - ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تۈزۈپ چىققان، تەشكىلىي باشقۇرۇش، خىزمەت تەرتىپى، ئۇچۇر بىخەتەرلىكى، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلغان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 1300دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇرغان، ھەرقايسى پەن گۇرۇپپىسى ئىلمىي، مۇۋاپىق نومۇر قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. تاللاش سوئالىدىن باشقا سوئاللارنىڭ ھەممىسىدە بىر سوئالنى بىر نەچچەيلەن تەكشۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نومۇر قويۇشى بىردەك بولغاندىن كېيىن، بۇ سوئالنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى قىلىنىپ ھېسابلانغان.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، پەن گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياكى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى «بىردەك بولۇش دەرىجىسى» «ئۈنۈملۈك بولۇش دەرىجىسى» قاتارلىق نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ھەربىر ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ كونترول قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنىنىڭ نۇقتىدا تۇرۇشلۇق ئىمتىھان قەغىزى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش خادىمى ھەرقايسى پەن گۇرۇپپىسىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش سۈپىتىنى ئىختىيارىي تەكشۈرىدۇ ۋە ئارىلاپ تەكشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، پەن گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئوقۇپ باھالاش ئەھۋالىنىمۇ ئارىلاپ تەكشۈرىدۇ. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە ئۆز پېنىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكرار تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. قاتلاممۇقاتلام ئارىلاپ تەكشۈرۈش، قاتتىق تەكرار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈشتە خاتالىق بولماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىي جەريانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە ئورۇن تەرتىپىنىڭ 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلان قىلىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلەش كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 88 مىڭدىن ئارتۇق نامرات مېيىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

مائارىپ قاتارلىق تارماقلار بىلەن رېئال ۋاقىتلىق ئۇچۇرلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش مېخانىزمى ئورناتقان بولۇپ، نامرات مېيىپلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئاساسىي ئۇچۇرلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتىغا قارىتىلغان مۇلازىمەتنى دەل جايىدا قانات يايدۇرۇش، نامرات مېيىپلەرنى نامراتلىقتىن ئۈنۈملۈك قۇتۇلدۇرۇش تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلەندى.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا نامرات مېيىپلەر بار ئائىلىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش» «يەتتە بىر تۈركۈم» ۋە «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇھىم، زور تەدبىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئوخشاش بولمىغان سىياسەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك بەھرىلەندى —— ھەرقايسى جايلاردىكى نامرات مېيىپلەر ئائىدا ياكى پەسىلدە تۆۋەن كاپالەت پۇلىدىن بەھرىلەندى، مېيىپلەرنىڭ «ئىككى تۈرلۈك تولۇقلىما»سىمۇ ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىلىپ، ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تولۇقلىمىسى سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھويلا - ئاران ئىگىلىكى، نامراتلارنى يۆلەش چارۋىسىنى تارقىتىش، قوتان قۇرۇلۇشى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يەرنى ئىنقىلاپ قايتا تەقسىملەش، كەنتتە زاۋۇت ھەم نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش سىياستى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تېخنىكا ماھارەت تەربىيەسى، ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، باشقا جايغا كۆچۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ نامرات مېيىپلەر بار ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىلدى. ھەرقايسى جايلار نامراتلارنى يۆلەش سىياستى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم ياردەم بېرىش - قۇتقۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پۇختا، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

«كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسى ‹ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش، بىرگە يېقىنلىشىش› ۋەزىپە - نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات مېيىپلەر بار ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى، داۋالىنىش كاپالىتى، مېيىپ بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەرنى نىشانلاپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈرمۇتۈر، ھەربىر ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات مېيىپلەرنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىغا نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلۈپ، نامرات ئېغىر مېيىپلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى مېيىپلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئالاھىدە ئېھتىياجىغا يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، نامرات مېيىپلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت ياردىتىپ بېرىپ، نامرات مېيىپلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېدى چېن خۇڭبو.




**ئۈلۈڭگۈر كۆلى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدۇ**

# ئالتاي «چۆل - جەزىرىدىكى بېلىقچىلىق يۇرتى» ماركىسىنى تېخىمۇ تونۇتىدۇ

مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتە، ساغىلا مەرھابا بېلىق كاۋىپى يايمىسى ئەتراپىدا ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «بۈگۈن ساياھەتچىلەر كۆپ، سودا ناھايىتى ياخشى، ئاز دېگەندە 3000 يۈەنلىك ساتقىلى بولىدۇ» دېدى ئۇ. ساغىلا بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ يەتتە ئارال بازىرى بوتا بويۇن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ھازىر بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى خەيشاڭ موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونىدا بېلىق كاۋىپى ساتىدۇ. شۇ كۈنى بۇ مەنزىرە رايونى ئېچىلىپ، زور بىر تۈركۈم ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

خەيشاڭ موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 14 كىلومېتىرلىق جايغا جايلاشقان، مەنزىرە رايوننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 270 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۆلەت 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، شۇنداقلا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ «مىڭ چاقىرىملىق ساياھەت رەسىم كارىدورى» «ئۈچ ئوقلۇق N ئايلانمىسى» ئوتتۇرا ئايلانما لىنىيەسىدىكى مۇھىم تۈگۈن، مەنزىرە رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك بايلىقى مول، گۈزەل كۆل مەنزىرىسى، مول مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى ھەمدە ئۆزگىچە خاس سۇ ئۈستى يارداڭ يەر شەكلىگە ئىگە.

شىنجاڭ ئالتاي ساياھەت تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئالتاي ساياھەتچىلىك گۇرۇھى دېيىلدى) پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر خۇ چياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى: ئۈلۈڭگۈر كۆلى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، «چۆل - جەزىرىدىكى بېلىقچىلىق يۇرتى» دېگەن گۈزەل نامى بار. 2018 - يىلى، ئالتاي ساياھەتچىلىك گۇرۇھى بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى خەيشاڭ موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈلۈڭگۈر كۆلى رايونىنىڭ ساياھەت بايلىقى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۈلۈڭگۈر كۆلى ئېكولوگىيەلىك ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، ئۈلۈڭگۈر كۆلىنى ئومۇميۈزلۈك ئاچتى.

نۆۋەتتە، خەيشاڭ موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئۆزگەرتىپ ياساپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈلۈڭگۈر كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ھېس قىلىش رايونى، سۇ ئۈستى سەيلە - ساياھەت رايونى ۋە ساياھەت ياغاچ ئاسما يولى قاتارلىق تۈرلەرنى پۈتتۈرۈپ، كونا تىپتىكى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىش، تۆگە، ئات مىنىپ تاماشا قىلىش، كاتېر، كېمىگە ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىش، قۇشلارنى تاماشا قىلىپ سۈرەتكە تارتىش قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

«بىز مول ساياھەت بايلىقى ۋە ئەۋزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى تىجارەت - باشقۇرۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ ساياھەت مەنزىرە رايونى ۋە خاس مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىمىز» دەپ بىلدۈردى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى گۇەن ۋېي.

خۇ چياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئالتاي ساياھەتچىلىك گۇرۇھى خەيشاڭ موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونىغا تايىنىپ، ئەتراپتىكى خىلىي بېلىقچىلىق كەنتى ھەم داخېيزى، خۇەنخۇ تاشيولى، يىنشاۋەن مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنى بىرتۇتاش بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۈلۈڭگۈر كۆلىنى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، دۆلەت ئېكولوگىيە ساياھەت ئۈلگە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

# ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممۋى ئاپپاراتلار ئېنېرگىيە تېجەش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ھەم تۆۋەن كاربون كۈنى پائالىيىتى باشلاندى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، «يېشىل تەرەققىيات ئېنېرگىيە تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» باش تېمىسىدىكى 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممۋى ئاپپاراتلار ئېنېرگىيە تېجەش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ھەم تۆۋەن كاربون كۈنى پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلدى.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 2 - تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئېنېرگىيە تېجەش تىپىدىكى ئاممۋى ئاپپاراتلار ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى نامىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە ۋىۋىسكا بەردى. يىغىنغا قاتناشقانلار «يېشىل تەرەققىيات ئېنېرگىيە تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» بويىچە ئۆزۈن لوزۇنكىغا ئىمزا قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەم ئاممۋى ئاپپاراتلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ھەم سانجى ئوبلاستىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى سانلىق مەلۇمات سۇپىسى كۆرستىشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئېنېرگىيە تېجەش تىپىدىكى ئاممۋى ئاپپارات قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ياخشى ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئاممۋى ئاپپاراتلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى بەرپا قىلىش، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشنى ئالغا سىلجىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېشىل تەرەققىيات ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا تۆھپە قوشۇش مەقسەت قىلىنغان.

# شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى سىرتقا چىقىشى «قوغدالدى»

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭدا مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا تەرەققىياتى غايەت زور پۇرسەتكە دۇچ كېلىپ، زور بىر تۈركۈم يەرلىك كارخانىلار خەلقئارا بازارلارنى ئاچماقتا ھەم بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار بارلىققا كەلمەكتە. «بىز شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىپ، كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك كارخانىلىرىنىڭ ‹سىرتقا چىقىشى›غا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېچىۋېتىلىش سەۋىيەسى ۋە ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز» دېدى جۇڭگو ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، پارتكوم شۇجىسى سۇڭ شۇگۇاڭ.

مۇشۇ ئاساستا، جۇڭگو ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى كەلگۈسى ئۈچ يىللىق كەسپ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزدى. بۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق رايونى قۇرۇشىنى قوللاش، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تاشقى سېلىنما شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىشىنى پائال قوللاش؛ شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارا بازار ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەلالاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، نۇقتىلىق ھالدا پۇقراۋى كارخانىلار ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر، خاس ماركىلار، مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋە تاشقى سودىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بازىسىنى قوللاشنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش.

ئىگىلىنىشچە، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگو ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورتى ۋە سېلىنمىسىنى جەمئىي 9 مىليارد 47 مىليون دوللار بىلەن قوللاپ، 305 كارخانا خېرىدارىغا مۇلازىمەت قىلغان، قوللىغان، ھۆددىگە ئالغان كارخانىلار ئاساسەن شىنجاڭ ئىچىدىكى خىمىيە سانائىتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىق، ماشىنا - ئېلېكتىر كەسپىدىكى بارلىق باشلامچى كارخانىلار ھەم 100دىن ئارتۇق كىچىك، ئۈششاق كارخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆپلىگەن بانكىنىڭ ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ 2 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يېقىن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان.